# سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى

(ئىخچاملانغان نۇسخىسى)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# سوتسيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى

(ئىخچاملانغان نۇسخىسى)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي
قانۇن كومىتېتى

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

审　　定：阿力甫·艾山·泰吾尔
责任编辑：萨黛缇·萨吾提
责任校对：依巴达提·亚森

# 社会主义法治理念教育读本（简编版）

（维吾尔文）

中共中央政法委员会

库来西·吐尔逊　译

新疆青少年出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
850×1168毫米　64开本　1.125 印张
2006年6月第1版　2006年6月第1次印刷

ISBN7－5371－5544－5　　定价：2.50元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

بۇ كىتاب جۇڭگو چاڭئەن نەشرىياتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国长安出版社 2006 年 4 月第 1 版 第 1 次印刷本翻译出版。

بېكىتكۈچى: غالىب ھەسەن تەھۇر
مەسئۇل مۇھەررىرى: سائادەت ساۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن

# سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى

(ئىخچاملانغان نۇسخىسى)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسى قانۇن كومىتېتى

تەرجىمە قىلغۇچى: كۈرەش تۇرسۇن

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم، 64 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 1.125
2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5544 — 5
باھاسى: 2.50 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# كىرىش سۆز

سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش تەربىيە-
سى ئېلىپ بېرىش سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ ئىدد-
يە، سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى زور
تەدبىر.

سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش ئىدد-
يىسى — ماھىيەتتە سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ
يېتەكچى ئىدىيىسى. سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە
قىلىش ئىدىيىسى — ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزې-
دۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە
«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يې-
تەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ
تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قى-
لىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يە-
كۈنلەش، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ قانۇن ئىدارە قى-
لىش مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلى-
رىنى مۇۋاپىق ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ئىلمىي، ئىلغار ئىدىيە بولۇپ، نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيا-لىستىك دۆلەت قۇرۇشنى توغرا ئىدىيىۋى قىبلىنەما بىلەن تەمىنلىدى. سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قى-لىش ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇننى خەلق ئۈچۈن ئىجرا قىلىش، ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش، ئومۇملۇق ئۈچۈن خىز-مەت قىلىش، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بەش جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ بەش ئىدىيە ئىچى-دە: دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، قانۇننى خەلق ئۈچۈن ئىجرا قىلىش — سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى، ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش — سوتسىيالى-ستىك قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ قىممەت ئىستىكى، ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — سوتسىيالى-ستىك قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم بۇرچى، پارتىيە رەھبەرلىكى — سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ توپ كاپالىتى. بۇلار بىردەك ماس ھالدا پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا

بولۇش ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ بىردەكلىكىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ قېتىمقى تەربىيە پائالىيىتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن كومىتېتى «سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» نى تۈزۈپ چىقتى. مۇشۇ ئاساستا، كەڭ سىياسىي قانۇن كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ ئېلىپ يۈرۈپ ئۆگىنىشىگە قولايلىق بولۇش مەقسىتىدە، ئۇنى يەنىمۇ ئىخچاملاپ ۋە يىغىنچاقلاپ، «سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» (ئىخچاملانغان نۇسخىسى) نى تۈزۈپ چىقتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى

2006 ـ يىل 4 ـ ئاي

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى باب دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش
ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇش ... 1
ئىككىنچى باب قانۇننى خەلق ئۈچۈن ئىجرا قىلىش
ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇش... 13
ئۈچىنچى باب ئادىل ۋە ھەققانىي بولۇش ئىدىيىسىنى
پۇختا تۇرغۇزۇش ................. 26
تۆتىنچى باب ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى-
يىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇش ......... 37
بەشىنچى باب پارتىيە رەھبەرلىكى ئىدىيىسىنى پۇختا
تۇرغۇزۇش........................... 50

بىرىنچى باب

# دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇش

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيە-مىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئاساسىي تەدبىرى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشتا، پۈتۈن جەم-ئىيەتتە ۋە بارلىق پۇقرا، بولۇپمۇ قانۇن ئىجرا قىل-غۇچىلار ئارىسىدا قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغدايدىغان، قانۇنغا قاتتىق رىئا-يە قىلغان ھالدا ئىش كۆرىدىغان ئىدىيىۋى ئاڭنى يېتىلدۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى پارتىيە رەھبەر-لىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ھەرخىل يول ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرى، ئىقتىسادىي ئىشلار، مەدەنىيەت ئىشلىرى

ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ قا-نۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەدرىجىي قېلىپلاش-تۇرۇش، تەرتىپلەشتۈرۈش ۋە قانۇن - تۈزۈملەشتۈ-رۈش كېرەك. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش كۆزقارىشىدىكى زور بۇرۇلۇش، دۆلەتنى ئۇزاقىچە ئامان - ئېسەن قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

## دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنىنى توغرا ئىگىلەش

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى-نى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىكى ئاساسىي مەزمۇننى توغرا ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ.

(1) قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. بۇ ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن

سوتسيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي
پرىنسىپى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ سوتسيالىستىك
قانۇن ئىدارە قىلىشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە
خەلقچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. قانۇن ئال-
دىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپىنىڭ مۇن-
داق ئۈچ مەنىسى بار: بىرىنچى، پۇقرالارنىڭ قانۇ-
نى ئورنى بىردەك باراۋەر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-
يىتىنىڭ پۇقرالىرى مەرتىۋىسى يۇقىرى - تۆۋەن
بولۇشتىن، باي - نامرات بولۇشتىن، جىنسى، كەس-
پى، مىللىتى، ئېتىقادى قانداق بولۇشتىن قەتئىينە-
زەر ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق-
تىن باراۋەر ئاساستا بەھرىمەن بولىدۇ ھەم ئاساسىي
قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى با-
راۋەر ئاساستا ئادا قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، ھەر-
قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە
قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازى يوق. سوتسيالىس-
تىك قانۇن ئىدارە قىلىش ئاستىدا، بىر قىسىم كى-
شىلەر قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، يەنە بىر
قىسىم كىشىلەر «قانۇن سىرتىدىكى پۇقرا» بولۇۋا-
لىدىغان ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

يول قويۇلمايدۇ. مەن باشقىلاردىن بىر دەرىجە ئۈس-
تۈن، قانۇن پۇقرالارغىلا ئىجرا قىلىنىدۇ، ئەمەلدار-
غا ئىجرا قىلىنمايدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنى قانۇن سىر-
تىدىكى «پەۋقۇلئاددە پۇقرا» قىلىۋالىدىغان ئىدىيىۋى
قاراش قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىن-
سىپىغا تۈپتىن خىلاپ، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل تۈگى-
تىش كېرەك. ئۈچىنچى، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە
شەخسنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى چوقۇم قانۇن
بويىچە سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. بۇ قانۇننىڭ ئىز-
زەت - ھۆرمىتىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى،
شۇنداقلا قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداشنىڭ مۇھىم كاپا-
لىتى. بىر جەمئىيەتتە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار
جازاغا تارتىلماي قانۇن سىرتىدا يۈرسە، جامائەتنىڭ
قەلبىدە قانۇننىڭ يۈكسەك ئورنى ۋە ئىناۋىتى تىكلەن-
مەيدۇ.

(2) قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ۋە قوغداش.
قانۇننىڭ نوپۇزى بولمىسا تەرتىپ بولمايدۇ. قانۇن-
نىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، قا-
نۇن — كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئاساسىي ھەرىكەت
مىزانى دېگەن قاراشنى تىكلەپ، قانۇنغا ئاڭلىق ھۆر-

مەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئاساسىي قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئاساسىي قانۇننى توپ ھەرىكەت مىزانى قىلىش، ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىردەكلىكى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش كېرەك. ھەرقانداق قانۇن، نىزام، بەلگىلىمىلەر ئاساسىي قانۇنغا زىت كەلمەسلىكى، تۆۋەنكى قانۇنلار ئۇستۈنكى قانۇنلارغا زىت كەلمەسلىكى، يەرلىك نىزاملار مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇنلارغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك، دۆلەت قانۇنلىرىنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا بىردەك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، بەزى جايلار ۋە تارماقلار ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش جەھەتتە سودىلىشىپ، تولۇق ئىجرا قىلماي، ھەتتا دۆلەتنىڭ قانۇن، بەلگىلىمىلىرىگە ۋە قانۇن ئىدارە قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپ بولغان بەزى «يەرلىك سىياسەت»، «يەرلىك

چاره» لەرنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، چىقىرىلغان قانۇن بار بولسىمۇ، قىلمىدىغىنىنى قىلىۋېرىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ بىردەكلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزدى. بۇنداق ئىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك توسۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، قانۇن ئىجرا تارماقلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. قانۇن ئىجرا تارماقلىرى قانۇننى قاتتىق، ئادىل، مەدەنىيەتلىك ئىجرا قىلمىسا، ھەرقانچە ياخشى قانۇنمۇ نوپۇزىنى نامايان قىلالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئويناالمايدۇ. ھازىر قانۇن ئىجرا ھەرىكىتىدە قانۇن ئىجرا قىلىش تەس بولۇش، ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن، ئاز ساندىكى قانۇن ئىجرا تارماقلىرىنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلماسلىقى ئامىمىنىڭ قانۇن ئىجرا تارماقلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىگە تەسىر يەتكۈزۈشتىكى مۇھىم بىر سەۋەب بولۇپ قالدى. شۇڭا، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلماس-

لىق مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش، قانۇن ئىجـ
ـرا تارماقلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قا-
نۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداشتىكى مۇھىم تەدبىردۇر.
(3) قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلغان ھالدا ئىش
كۆرۈش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاسا-
سىي تەلىپى. شۇنداقلا قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ ئادەم
ئىدارە قىلىشتىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بەلگىسى.
قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلغان ھالدا ئىش كۆرۈشتە،
«قانۇننى ئاساس قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قى-
لىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈش-
تۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. قانۇنغا قاتتىق
رىئايە قىلغان ھالدا ئىش كۆرۈشنىڭ مۇنداق تۆت
مەنىسى بار: بىرىنچى، ھوقۇق قانۇن تەرىپىدىن بەل-
گىلىنىدۇ. ھوقۇق قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنمەي تۇ-
رۇپ قانۇن ئىجرا قىلسا، ھوقۇقتىن ھالقىپ كېتكەن-
لىك بولىدۇ، قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە ئىززەت - ھۆرمى-
تىگە نۇقسان يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ. رېئال تۇرمۇش-
تا، قانۇن ئىجرا قىلىدىغان بەزى ئورگان ۋە
كادىر - ساقچىلارنىڭ قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن
ھوقۇق قارىشى سۇس بولغاچقا، جەرىمانە قويۇش ھو-

قۇقى بولمىسىمۇ جەرىمانە قويۇش، ھەق ئېلىش ھو-
قۇقى بولمىسىمۇ ھەق ئېلىش ياكى شەكلى ئۆزگەر-
گەن ھالدا ھەق ئېلىشقا ئوخشاش قانۇن ئىجرا قىلىش-
تا ھوقۇقىدىن ھالقىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ
تۇرۇۋاتىدۇ. ھوقۇقىدىن ھالقىپ كېتىش قانۇنغا خى-
لاپ قىلمىش بولۇپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش
تەلىپىگە خىلاپلىق قىلغانلىق. ئىككىنچى، ھوقۇق
بولغانىكەن، مەسئۇلىيەتمۇ بولىدۇ. قانۇندا بەلگىلەن-
گەن ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشتە، ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش
جەريانى ۋە ئاقىۋىتىگە نىسبەتەن قانۇنىي جاۋابكارلىق-
نى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. قانۇندا بەلگىلەنگەن
مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئادا
قىلمىسا، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىسا، قىلىشقا تېگىش-
لىك ئىشنى قىلمىسا، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىق،
مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. ئۈچىنچى،
ھوقۇقنى ئىشلەتكەندە نازارەت قىلىنىدۇ. دۆلەتنى
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا، ئالدى بىلەن ھوقۇقنى
قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كېرەك. سىياسىي قانۇن
ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى چوقۇم قانۇندا بەلگىلەنگەن
ھوقۇق دائىرىسى، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپى بويى-

چە يۈرگۈزۈلۈشى، پۈتكۈل يۈرگۈزۈش جەريانى قاتتىق نازارەت قىلىنىشى كېرەك. تۆتىنچى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلار سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. قانۇن ئىجراچىلىرى قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇنىڭ قانۇن ئىدارە قىلىشقا بولغان زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى مۇستەسناسىز ھالدا قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلگەن ۋە جازاغا تارتىلغاندىلا، ئاندىن پۈتكۈل جەمئىيەتتە قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان ياخشى ئۈلگە تىكلىگىلى بولىدۇ.

## دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە قويغان ئاساسىي تەلپى

(1) قانۇن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش. سىياسىي قانۇن كادىر ـ ساقچىلىرى مۇناسىۋەتلىك قانۇن بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، قانۇنچىلىق قارىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى توغرا ئادا قىلىش ئىدىيىۋى ئاساسى ۋە بىلىم ئاساسىنى پۇختا سېلىشى لازىم. قانۇن ئىجراچىسى قانۇنغا چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلسا، قانۇنغا



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com